ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 12 ـ سان

ئىيۇل 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى
# نامايىشلار بىلەن خاتىرىلەندى




DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV




# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

بۇندىن 12 يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان 5 - ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

5 - ئىيۇل خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا «ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققىچە» تېمىسىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىش ئۈچۈن ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن باشلاپلا ئىستانبۇلنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يولغا چىققان ئۈچ مىڭغا يېقىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئەتراپىدىكى ساھىلغا يىغىلدى. نامايىشچىلار سائەت ئوندا قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ۋە «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان»، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق توختىتىلسۇن!»، «5 - ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنى ئۇنتۇمايمىز» دېگەن شوئارلار يېزىلغان پىلاكات، تاختايلارنى كۆتۈرگەن ھالدا خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى تولاپ، خىتاي كونسۇلخانىسىغا يېقىن كوچىغا يېتىپ كەلدى.

نامايىشنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى ۋە ئىلى مەشرىپى قاتارلىق تەشكىلات، جەمئىيەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، 3000 غا يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

نامايىشتا ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مارشى ئوقۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئېلان قىلدى.

ئۇ باياناتىدا 12 يىل ئىلگىرى خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدە قىرغىنچىلىق سادىر قىلغانلىقىنى، نەچچە مىڭلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھازىرغىچە ئىز-دېرىكى بولمىغانلىقىنى، خىتاي شۇندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۆلىمالار، زىيالىيلار دەپ ئايرىماستىن، خەلقنى زور تۈركۈمدە تۇتقۇن قىلىپ قىرغىن قىلغانلىقى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقىنى،

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋوللىرى بولغان مەسچىت ۋە ئۆي-ئىمارەتلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى ھەمدە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە قېرىنداش تەشكىلاتلار نامىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، شەرقىي



تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئەرەبچە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ 12 يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنى، نۆۋەتتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇشلىرىغا قارشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەرەپتە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا مۇسۇلمان دۇنياسىنى خىتاي ماللىرىنى



بايقۇت قىلىش ئارقىلىق مەيدانىنى بىلدۈرۈشكە چاقىردى.

ئارقىدىن تۈركىيەدىكى تونۇلغان دىنىي ئۆلىما دوكتور ئېھسان شەنئوجاق تېلېفون ئارقىلىق سۆز قىلدى. ئۇ سالامەتلىكى سەۋەبلىك نامايىشقا قاتنىشالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسچىتلەرنى چاققان، ئىززەت-ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلغان خىتاينىڭ خۇددى تارىختىكى رىملىقلار مەغلۇپ بولغىنىدەك ھامان بىر كۈنى ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈمىدىنى يوقاتمىسىلا، خىتاي ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى، تۈركىيە ۋە ئىسلام ئەللىرىنى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرى ھەققىدىكى دوكلاتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللاش-قوللىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خىتايغا قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئىسلام ۋە تۈركلۈك



نامىدا قۇرۇلغان تەشكىلاتلاردا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلمىسە، بۇ خىل تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز نامىغا ھەرگىز لايىق ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

نامايىشقا يەنە دوكتور ئېھسان شەنئوجاقنىڭ تالىپى سەلىم سارھانمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇ دوكتورغا

ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرۋاقىت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى رەئىسى دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپلا قالماي، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەپ



ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا قارشى سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد سۆز قىلىپ، تۈركىيە خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئىشىنىدىغانلىقىنى، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى سەرپ قىلىپ، خىتايغا ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ھۆر دەۋا پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل شۆبە رەئىسى شارافەتتىن گۈلەي قىسقىچە سۆز قىلىپ، ئىنسان ھەقلىرى ئۈچۈن قوزغىلىپ كەتكەن دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۈن چىقارمىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىدىغان پەيتنىڭ ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى.

«ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققىچە» تېمىسىدىكى نامايىش يەنە تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە، كونيا، كاستامونۇ، سامسۇن، قەھرىمانماراش ۋە مالاتيا قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىمۇ بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، شۇ رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەرقايسى قوللىغۇچى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەپ نامايىش قىلغان.

بۈگۈن يەنە ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «5 - ئيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى»نى خاتىرىلەپ نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشقا 300 گە يېقىن ئادەم قاتناشقان. ئۇندىن باشقا بۈگۈن يەنە كۇۋەيت، ھىندونېزىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، كانادا، مالايشىيا، ياپونىيە ۋە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان





# فىرانسىيە ئەدلىيە ئورگىنى
# ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەكلىگە چېتىشلىق ئەرزنى قوبۇل قىلدى

يېقىن ئاكتىپ گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشقا چېتىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن تۆت كىيىم-كېچەك شىركىتى فىرانسىيەنىڭ ئەدلىيە ئورگىنى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشكە باشلىغان.

فىرانسىيەدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەشكىلاتى، ئەخلاق بەلگىسى ئىتتىپاقى، ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى ۋە بىر لاگېر شاھىتى بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا «مەجبۇري ئەمگەك ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى يوشۇردى» دەپ، مەزكۇر تۆت شىركەت ئۈستىدىن ئەرز سۇنغان. دۆلەتلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بۆلۈمى مەزكۇر ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، بۇ تۆت شىركەتكە قارىتا تەكشۈرۈشنى باشلىغان.

ئەرز قىلىغان شىركەتلەر ئىسپانىيە كىيىم-كېچەك شىركىتى زارانىڭ ئانا شىركىتى Inditex گۇرۇھى، ياپونىيەنىڭ ئەرزان باھالىق كىيىم-كېچەك ماركىسى UNIQLO، ئامېرىكا تەنھەرىكەت ئاياغ ماركىسى SKECHERS ۋە Maje، Sandro قاتارلىقلارنىڭ ئانا شىركىتى SMCP ئىكەن.

ئەرزدە بۇ چوڭ شىركەتلەرنىڭ نازارەت ھەيئىتى تەسىس قىلغانلىقىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنغان زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئارقىلىق پايدا ئالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ فىرانسىيە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا چېتىشلىق بىر دېلونى قوبۇل قىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.





# يەنە بىر دۆلەت ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلدى



بېلگىيە پارلامېنتى 8 - ئىيۇل قارار ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. بۇ قارار 125 ئاۋازنىڭ قوللىشى 12 ئاۋازنىڭ ۋاز كېچىشى بىلەن چىقىرىلغان.

بېلگىيە يېشىللار پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى سامۇئىل كوگولاتى تەرىپىدىن جىددىي كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلگەن خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ئاخىرى نەتىجىسىنى كۆرسەتكەن.

خىتاي سامۇئىل كوگولاتىنىڭ بۇ مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يىل 3-ئايدا ئۇنىڭغا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا جازا تەدبىرى ئېلان قىلغان ئىدى. شۇنداقلا 4 - ماي بېلگىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ۋە لاگېر شاھىتى قەلبىنۇر سىدىق خانىم گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان يىغىنىمۇ تور ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك كېچىكتۈرۈلگەن ئىدى.

نۆۋەتتە بېلگىيە پارلامېنتى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، گوللاندىيە، لىتۋانىيە پارلامېنتىدىن كېيىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ۋە ئېغىر باستۇرۇشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تونۇغان 6 - دۆلەت ئورگىنى بولۇپ قالدى.



# ئەردوغان شى جىنپىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالدى

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان 13 - ئىيۇل شى جىنپىڭ بىلەن تېلېفون سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئالغان.

پىرېزىدېنت ئالاقە ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باياناتىدا ئاشكارىلىنىشىچە، سۆھبەتتە سودا، مەبلەغ سېلىش، ئېنېرگىيە، قاتناش ۋە سەھىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى تۈركىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغان قەدەم-باسقۇچلار مۇزاكىرە قىلىنغان.

سۆھبەتتە ئەردوغان بۇ يىل تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىغا 50 يىل بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا لايىق ھالدا ئۆزئارا تەبرىكلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەردوغان يەنە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق كەڭ ساھەلەردە يوشۇرۇن ھەمكارلىق كۈچى بارلىقىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىنى تېزلىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئەردوغان سۆھبەت جەريانىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خاتىرجەم، ئەركىن ۋە تىنچ ياشىشىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن، شۇنداقلا تۈركىيەنىڭ خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.





# ئامېرىكا يىللىق دوكلاتىدا خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بويىچە قايتا ئەيىبلىدى

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن 12 - ئىيۇل يىللىق دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بلىنكېن دۈشەنبە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاقىدار يىللىق دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي بىلەن بىرگە بىرما، ئېفىيوپىيە، سۇرىيە، ئىراق ۋە جەنۇبىي سۇدان قاتارلىق ئالتە دۆلەتنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن. دوكلاتتا ئامېرىكىنىڭ يەنىلا خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلدى، دەپ قارايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

بلىنكېن دوكلات ھەققىدە توختىلىپ: «بىز ئىشلەتكىلى بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەرنى، جۈملىدىن دىپلوماتىك ۋاسىتىلەر، چەت ئەل ياردىمى، ئەمەلىي تەكشۈرۈش سىخېمىسى، مالىيە ۋاسىتىلىرى، ئۆچرىشىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دوكلاتلارنى قوللىنىمىز. بۇ دوكلات كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن خەلقئارالىق بېسىم ۋە ئىنكاس پەيدا قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ» دىگەن.

ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سادىر قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بلىنكېن بۇ يىل 1-ئايدا يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا پومپېيونىڭ بۇ قارارىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ قېتىملىق دوكلات ئامېرىكىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1988 - يىلى «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلاپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توسۇشنى ۋە جازالاشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما بۇ ئەھدىنامە بۇ مەسىلىنى سەۋەب قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە قورال كۈچى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بەرمەيدىكەن. گەرچە خىتاي ۋە باشقا 150 نەچچە دۆلەت مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، خىتاي ئەھدىنامىدىكى بىر ماددىغا قارىتا ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەلقئارا سوتنىڭ خىتايغا قارىتىلغان ئەرز-شىكايەتلەرنى تەكشۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى توسۇپ قويغان.

# ئائىلىسىدىن مەجبۇري ئايرىلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى سولانغان ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپەيگەنلىكى ئاشكارىلاندى




ياۋروپا خەۋەرلىرى تورىنىڭ 9 - ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىسىدىن مەجبۇري ئايرىلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى سولانغان ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ داۋاملىق كۆپەيگەنلىكى ئاشكارىلانغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، مەركىزى كالىفورنىيەگە جايلاشقان ئاممىۋى تەشكىلات RAND ھەرخىل سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەسىدە يېڭىدىن سېلىنغان 55 ياتاقلىق مەكتەپنى بايقىغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتا-ئانىسى يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولىنىپ، تىرىك يېتىم بولۇپ قالغان كىچىك باللارنى سولاش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بۇ ياتاقلىق مەكتەپلەر 2017 - يىلى سېلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ دەل خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرى تەسىس قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىكەن. غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يېڭىدىن سېلىنغان ياتاقلىق مەكتەپلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇر باللارنى يىغىۋېلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى پارچىلاش سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. يېڭىدىن بايقالغان دارىلئېتاملارنىڭ كۆپىنچىسى 2017 - يىلى ئالتە ئاي ئىچىدە سېلىنغان بولۇپ، قۇرۇلۇش شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشايدىكەن. مەزكۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بەزىلىرى يەنە 2019 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان.

خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، دارىلئېتام ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ تاشقى شەكلى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بۇ ئەھۋال قۇرۇلۇشلارنىڭ بىر شىركەت تەرىپىدىن سېلىنغانلىقى ياكى ئوخشاش قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ بىردىن كۆپ شىركەتكە ھۆددىگە بېرىلگەنلىكىدەك پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

**ئېگىلىنىشىچە، بايقالغان بىنالارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 مېتىر، كەڭلىكى 15-20 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىلگىرىكى بىنالارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 15-20 مېتىر ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. بارلىق بىنالارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسا ئۇلار ئېگىز قورشاۋ تاملار بىلەن قورشالغان ۋە بىرلا كىرىش ئېشىكى بار ئىكەن.**

**مەلۇم بولۇشىچە، 2018 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ خوتەندە توققۇز ياتاقلىق مەكتەپ قۇرغانلىقى، ئۇنىڭغا 5000 ئۇيغۇر بالىنىڭ سولانغانلىقى ئاشكارىلانغانىدى. كېيىن سېلىنغان مەكتەپلەر بولسا ھەر بىرىگە 100 بالا سىغدۇرغان قىلىپ لايىھەلەنگەن.**

# ئامېرىكا گوللاندىيەنىڭ خىتايغا ئىلغار ئۈسكۈنە سېتىپ بېرىشىنى توسۇپ قالدى




ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ خەۋەرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي گوللاندىيەنىڭ بىر قىسىم ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي ئىزچىل ھالدا گوللاندىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ASML شىركىتى ئىشلەپچىقارغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق ئويتىك ئويما سىستېمىسىنى سېتىۋېلىشىغا يول قويۇشىنى تەلەپ قىلغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئىنتىل، سامسۇڭ قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى 180 تونىنا كېلىدىغان بۇ ئالاھىدە ماشىنىنى ئالدىنقى قاتاردىكى يانفون ۋە G5 كۆچمە ئۈسكۈنىلەردىن تارتىپ، سۈنئىي ئىدراك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېرلارغىچە بولغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىكەن.

خىتايمۇ خۇاۋېي قاتارلىق يەرلىك ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرىنى 150 مىليون دوللار قىممىتىدىكى بۇ ئىلغار ماشىنا بىلەن تەمىنلەشنى ئويلاشقان. ئەگەر خىتاينىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشسا، بۇ تۆردىكى تېخنىكا ساھەسىدە چەت ئەلگە بېقىنىشنى ئازايتالايدىكەن. ئەمما ASMLشىركىتى تېخىچە خىتايغا مال يەتكۈزۈپ بەرمىگەن بولۇپ، گوللاندىيە ئامېرىكىنىڭ بېسىمى بىلەن مەزكۇر ئۈسكۈنىنىڭ خىتايغا قارىتا ئېكسپورت ئىجازەتنامىسىنى توختىتىپ قويغان.

ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، بايدېن ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، گوللاندىيە ھۆكۈمىتىدىن بۇ ماشىنىنىڭ سېتىلىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلغان. ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر تەدبىرلىرى خىتاي-گوللاندىيە مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن. بۇ ئىشتىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئەمەلدارلىرى گوللاندىيە تەرەپتىن نېمە ئۈچۈن ASML شىركىتىگە ئىجازەتنامە بەرمەيدىغانلىقىنى توختىماي سۈرۈشتە قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ASML شىركىتىنىڭ ئىلغار ئۈسكۈنىسى بولمىسا، خىتاينىڭ ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرىنىڭ زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئىلغار ئۆزەك ياسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، خىتاينىڭ ASML شىركىتىنىڭ نۆۋەتتىكى تېخنىكا سەۋىيەسىگە يېتىشى ئۈچۈن كەم دېگەندە 10 يىل ۋاقىت كېتىدىكەن.



# تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ بوسنىيە زىيارىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتىنىڭ بوسنىيە گېرتسېگوۋىنادىكى ئۈچ كۈنلۈك ئاممىۋى دىپلوماتىيە زىيارىتى بۈگۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى زىيارەتنىڭ ئاخىرى كۈندە بوسنىيە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا قوماندان بولغان ھارۇن خودزىجنى زىيارەت قىلدى. ھارۇن ئەپەندى سۆھبەت جەريانىدا بوسنىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرى ۋە پىداكارلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. زىيارەتچىلەر يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىشلىتىلگەن قوغدىنىش تونېللىرىنى زىيارەت قىلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى ئۈچ كۈنلۈك بوسنىيە زىيارىتى داۋامىدا خەلقئارا دېموكراتچىلار بىرلىكى، ھەسەنە خەلقئارا بالقانلار رايونى مەركىزى، سارايېۋو خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە يەرلىك تەشكىلاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بۈندىن كېيىن بوسنىيە ۋە بالقان دۆلەتلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي پائالىيەتلەر ۋە خىزمەتلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشتى، شۇنداقلا ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ھەمكارلىق ھەققىدىمۇ پىكىر ئالماشتۇردى.







# ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش تەكلىپىنى ماقۇللىدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى 15 - ئىيۇل بىلەت تاشلاپ، كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىش تەكلىپىنى ماقۇللىغان.

ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋەھشىي جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن ئەيىبلەنگەن دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلمەسلىكى كېرەك، دەپ قارىغان بولۇپ، ئەگەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش قىلمىشىنى ئاياغلاشتۇرمىسا ۋە ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى، پۇقرالىرى ۋە ئورگانلىرىغا قارىتىلغان جازانى بىكار قىلمىسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە ۋەكىللىرىنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ تەكلىپنى ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى تىم لۇفتون ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇمۇ خىتاي تەرىپىدىن جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئەنگلىيەلىك سىياسىيونلىرىنىڭ بىرى. ئۇ پەيشەنبە بىلدۈرگەن سۆزىدە خىتاينىڭ 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئولىمپىك مەزگىلىدە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ نامايىش قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنلىكىنى، ئەمما نامايىشقا ئىلتىماس قىلغانلارنى قولغا ئالغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا بەرگەن ۋەدىسىگە قىلىنغان بىر مەسخىرە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا مىڭلىغان



تىبەتلەرنى ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىپ، تۈرمىگە تاشلاپ قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقىنى، ئۆلتۈرگەنلىكىنى، خىتاينىڭ يەنە پىكىر ئەركىنلىكى، ئاخبارات ۋە سىياسەت ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، خىتاي-ئەنگلىيە بىرلەشمە خىتابنامىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خوڭكوڭدا دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنىنى يولغا قويغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئافزال خان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە مىليون خەلقنى جازا لاگېرىغا سولىغانلىقىنى قەيت قىلىپ: «خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى توختىتىدىغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق ئالامەت يوق. بىز بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دىپلوماتلارنى ئەۋەتىپ، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرماسلىقىمىز لازىم» دېگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى بۇ يىل 4-ئايدا بىردەك ئاۋاز بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى باستۇرۇش قىلمىشىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىپ، خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ئىدى.



# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قۇرۇلتىيىدا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇردى




13 - ئىيۇلدىن 15 - ئىيۇلغىچە ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدە «خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قۇرۇلتىيى»نىڭ يىللىق يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن.

ئۈچ كۈن داۋاملاشقان يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى يېقىنقى مەزگىللەردە دۇچ كەلگەن دىنىي چەكلىمىلەر، خىتاينىڭ دىنىي باستۇرۇش سىياستى قاتارلىق مۇھىم تېمىلاردا گۇۋاھلىق بېرىلگەن ۋە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈلگەن.

ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرى تۈركەل يىغىندا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى باستۇرغانلىقىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىش جەريانىدا سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسىنى كۆپلەپ قوللىنىۋاتقانلىقىنى، ئەمدىلىكتە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىل يىرگىنچلىك جىنايى قىلمىشلارنى ئۆرنەك قىلىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇندىن باشقا يىغىنغا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك باش ئەلچىسى سام بىرووۋنبەك، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى نەنسى پېلوسى، ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ داڭلىق سىياسىيونلىرى ئىشتىراك قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانداق ئاياغ-ئاستى قىلىۋاتقانلىقىنى



مۇزاكىرە قىلغان ھەمدە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ئۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ ئۆتكەن.

يىغىندا لاگېر شاھىتلىرىدىن تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي چەكلىمە، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش، تۇتقۇن قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق گۇۋاھلىق بەرگەن.

يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۇۇللاھ شاھيارمۇ قاتناشقان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇش، ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، زور تۈركۈمدىكى مەسچىتلەرنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى، نۇرغۇن ئۆلىمالارنىڭ تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، يەنە نۇرغۇنلىرىنىڭ ھازىرغىچە ئىز-دېرىكى بولمىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ھەتتا مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇشتەك ئەقەللىي ھوقۇقلىرىنىڭمۇ چەكلەنگەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چەت ئەلگە ھىجرەت قىلىپ چىققانلىقىنى، شۇندىن بېرى يۇرتىغا قايتالمىغانلىقىنى، تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئاتا-ئانىسىنىڭ مېيىت نامىزىغىمۇ قاتنىشالمىغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

دوكتور ئاتاۇۇللاھ شاھيار سۆزىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە خىتاب قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ياردەم قىلىشقا، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توسۇشقا چاقىرغان.



# ئامېرىكىلىق داڭلىق ئۆلىما ھېيت خۇتبىسىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس توختالدى



شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان بىر پەيتتە، بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقارماقتا. ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئۆلىما دوكتور ئۆمەر سۇلايمانمۇ بۇ يىللىق قۇربان ھېيت خۇتبىسىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس توختالدى.

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان خۇتبە سۆزلەش ئۈچۈن چىققاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى چۈشۈرۈلگەن كۆك رەڭلىك شارپا ئارتىۋالغان بولۇپ، خۇتبىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچراتقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى ۋە شارپىسىنى شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ بولسا شەرقىي تۈركىستان، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى دەپسەنچىلىكىگە ئۇچراۋاتقان جاي. مىليونلىغان كىشىلەر جازا لاگېرىغا قامالغان. ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۆلىتى، مۇستەقىللىقى، ئىززەت-ھۆرمىتى تارتىۋېلىنغان. ئەمما ئارىمىزدا قايسىمىز ئۇلار ھەققىدە بىر نەرسە بىلىمىز. . . » دېدى.

> ئۇ يەنە ھەرقايسى ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابلىرىدا بۇ ھەقتە يازما يوللاپ: «بۈگۈنكى خۇتبىدە مەن كەفىيە (باش كىيىمى) بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقىنى تاقىۋالدىم. ئۇيغۇرلار جازا لاگېرلىرىغا قامىلىشتىن ئىلگىرى ئەركىن زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئەركىن كىشىلەر ئىدى. خۇددى كەشمىر ۋە پەلەستىنگە ئوخشاش، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىشغالىيەت ۋە ئىستىلانىڭمۇ ئاخىرلىشىشىنى تىلەيمىز. بىز ئافرىقىدىن ئاسىياغىچە، ئامېرىكا قىتئەسىگىچە بىر ئۈممەت. . . » دېگەنلەرنى قەيت قىلدى.

دوكتور ئۆمەر سۇلايماننىڭ بۇ ئالاھىدە كۈندە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاۋاز چىقىرىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى خۇرسەن قىلدى، ئۇلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق دوكتورغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى.

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان ئامېرىكىدىكى تەسىر كۈچكە ئىگە ياش ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ، يەقىين ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى. ئۇنىڭ فېيىسبۇكتىكى ئەگەشكۈچىلىرىلا ئىككى مىليون 600 مىڭدىن ئاشىدۇ.



# ئىستانبۇلدا چوڭ تىپتىكى ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

22 - ئىيۇن بۇ يىللىق قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدىكى كازلىچەشمە كۇلتۇر مەركىزى مەيدانىدا چوڭ تىپتىكى ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزكۇر پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىككى مىڭغا يېقىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى پائالىيەتكە داخىل بولدى.

پائالىيەت باشلىنىشتىن بۇرۇن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان ھېيتلىشىش پائالىيىتىگە قاتناشقان نەچچە يۈزلىگەن بالىغا ھېيتلىق تارقىتىپ بەردى.

ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان تەشكىلاتقا ۋاكالىتەن بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى. ئۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش، زۇلۇم سىياسىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈپ، بۇنداق بىر ۋەزىيەتتىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىرلىشىشگە يېتەرلىك سەۋەب ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇنداقلا نۆۋەتتىكى كۆرەشنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تەييارلىق باسقۇچ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار ھېيتلىق تەبرىك سۆزى قىلدى ۋە نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھېيت كۈنلىرىدىكى يىغىلىشىنىڭ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئىسلامىي مەدەنىيىتىدىن ىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن دىنىي كىملىكىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.




پائالىيەتكە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ كېلىۋاتقان ئاكت قانىلىنىڭ رىياسەتچىسى خالىس ئۆزدەمىرمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئالدى بىلەن بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى. ئۇ سۆزىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۆز دىنى، ئۆرپ-ئادىتى، تىلى ۋە تارىخىدىن ئىبارەت تۆت مۇھىم ئامىلنى قوغدىشى ۋە بىلىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا ئىختىلاپتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.




ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنى تامامەن يوقىتىشنى پىلانلىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك بىر كۈنمۇ توختاپ قالماستىن زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق نىشانىدىن قىلچە تەۋرەنمەسلىكى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئىبادەت دەپ تونۇشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.




پائالىيەت ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى ئەزاسى ئىبراھىمجان، سۇتۇق بۇغراخان ۋەقفى قىزلار تەلىم-تەربىيە مەركىزىدىن بىر نەچچە قىز ئوقۇغۇچى ۋە باشقا بىر تۈركۈم باللار ھېيت كۈنىگە ئاتاپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتى. ئاخىرىدا ھېيتلىشىش پائالىيىتى جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇپچە دۇئا بىلەن ئاياغلاشتى.





# تالىبان ۋەكىللەر ئۆمىكى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى

ھىندىستان ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تالىبان ۋەكىللەر ئۆمىكى 28 - ئىيۇل خىتايدا زىيارەتتە بولۇپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، تالىبان ئافغانىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغاندىن بۇيان، تالىبان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇنجى بولۇپ خىتايىنى زىيارەت قىلغان. تالىباننىڭ خىتاي زىيارىتى ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قىسىملىرىنىڭ ئافغانىستاندىن چېكىنىشىنى تېزلەتكەن بىر پەيتكە توغرا كەلگەن.

تالىبان سىياسىي كومىتېتى مەسئۇلى موللا ئابدۇلغەنى بارادار باشچىلىقىدىكى تالىبان ۋەكىللەر ئۆمىكى بۈگۈن تيەنجىنگە يېتىپ بېرىپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۇ ھەقتە ئورگان تور بېتىدە خەۋەر ئېلان قىلغان.

ۋاڭ يى كۆرۈشۈشتە تالىباننىڭ ئافغانىستاندا زور سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئافغانىستاننىڭ تىنچلىقى ۋە قايتا قۇرۇش باسقۇچىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇ سۆزىدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارالىق تېررورلۇق تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى، خىتايغا تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك تالىباننىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن چەك-چېگراسىنى ئايرىشىنى ۋە ئۇلارغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئابدۇلغەنى بارادار خىتاينىڭ ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان دوستى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، خىتايغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا تالىبان تەرەپىنىڭ ھەرقانداق بىر كۈچنىڭ ئافغانىستان زېمىنىدىن پايدىلىنىپ، خىتايغا زىيانلىق ئىش قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئافغانىستاننىڭ قوشنا دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا جەمئىيەت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆپرەك قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، بۇ تالىباننىڭ ئافغانىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغاندىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنى تۇنجى قېتىم خىتايغا ئەۋەتىشى ئىكەن. خىتاي 2019 - يىلمۇ تالىبان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تالىبانلار ئافغانىستاننىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى دېڭ شىجۇن بىلەن كۆرۈشكەن.



# ماراكەشتە تۇتقۇن قىلىنغان ئىدرىس ھەسەننىڭ ئەھۋالى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا

ئالدىنقى كۈنلەردە تۈركىيەدىن ياۋروپاغا بېرىش سەپىرى جەريانىدا ماراكەش دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر ياش ئىدرىس ھەسەننىڭ ئەھۋالى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تۈركىيەدە ياشاپ كەلگەن 33 ياشلىق ئۇيغۇر ياش ئىدرىس ھەسەن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆز بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ياۋروپاغا كېتىشنى قارار قىلىپ، ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان بولۇپ، 20 - ئىيۇل كەچتە ماراكەشنىڭ كاسابلانكا ئايرودۇرۇمىغا ئالمىشىش ئۈچۈن چۈشكەن ۋە شۇ جايدىلا تۇتقۇن قىلىنغان. بۇ جەرياندا ئىدرىس ھەسەن ئايالىغا ماراكەش ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى، خىتايغا قايتۇرۇلۇشى مۇمكىنلىكىنى خەۋەر قىلىشقا ئاران ئۈلگۈرەلىگەن.

نۆۋەتتە ئىدرىس ھەسەن خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئالدىنقى كۈنلەردە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئىدرىس ھەسەننىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتكە چاقىرىق قىلدى.

تۇنۇگۈن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ ھەقتە باياناتى ئېلان قىلىپ، ماراكەش دائىرىلىرىنى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرماسلىققا ۋە دەرھال قويۇۋېتىشكە چاقىردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش پىروگراممىسىنىڭ باشلىقى جوئەن مارىنېر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ماراكەش دائىرىلىرى ئىدرىس ھەسەننىڭ دەرھال ئادۋوكات بىلەن كۆرۈشۈشىگە، ھەر قانداق يۆتكەش بۇيرۇقىغا قارشى چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىخەتەرلىكىنى جەزملەشتۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىشى كېرەك» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئۇ يەنە: «ئىدرىس ھەسەننى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەھشىيلەرچە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشقا، زىيانكەشلىككە ۋە قىيىن-قىستاققا ئۇچراۋاتقان خىتايغا قايتۇرۇش خەلقئارالىق قانۇنغا خىلاپ» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

ئۇندىن باشقا تۇنۇگۈندىن بۇيان ئامېرىكا ئاۋازى، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى ۋە ئەنگلىيەنىڭ مۇھاپىزەتچى گېزىتى قاتارلىق خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرى ئىدرىس ھەسەن ھەققىدە ئارقا-ئارقىدىن مەخسۇس خەۋەر ئىشلىدى.

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە

كۆرسىتىلىشىچە، 27 - ئىيۇل ماراكەش دۆلەت بىخەتەرلىك باش ئىدارىسى ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان بىر «خىتاي پوقراسى»نىڭ 20 - ئىيۇل كاسابلانكادىكى خەلقئارا ئايرودرومغا قونغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ تېررورلۇق تىزىملىكىدىكى تەشكىلاتقا چېتىشلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك، خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى (ئىنتېرپول) تەرىپىدىن قىزىل تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن شەخس ئىكەنلىكىنى، مەزكۇر قىزىل تۇتۇش بۇيرۇقى خىتاي رېجىمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان، شۇنداقلا نۆۋەتتە ماراكەشنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ خىتاينى ۋە خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىنى بۇ ھەقتە خەۋەرلەندۈرگەنلىكىنى، مەزكۇر شەخسنى ماراكەشنىڭ تەپتىش ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى، قايتۇرۇش خىزمىتىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. گەرچە ماراكەش دائىرىلىرى مەزكۇر شەخسنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىدرىس ھەسەن ئىكەنلىكى ئېنىق ئىكەن.

ئىدرىس ھەسەن 2012 - يىلى خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىگە جايلاشقان خىتاي نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتى سەۋەبلىك 2012 - يىلى 7 - ئۆكتەبىر تۈركىيەگە كەلگەن. ئۇ تۈركىيەدە ياشاش جەريانىدا خىتاينىڭ ئەرز-شىكايىتى سەۋەبلىك كۆپ قېتىملىق تۇتقۇن قىلىنغان. جۈملىدىن 2017 - يىلى 6 - ئاپرېلدىن 2018 - يىلى 6 - ئاپرېلغىچە ساق بىر يىل ئەرزۇرۇم كۆچمەنلەر ئىدارىسى ۋە ئايدىن كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان.

ئىدرىس ھەسەن كۆپ تىل بىلىدىغان تىرىشچان ياش بولۇپ، گىرافىك لايىھەلەش، تور بەت ياساش، فىلىم مونتاژ قىلىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا بىر قىسىم تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە پاش قىلىشقا ئاكتىپ كۈچ چىقىرىپ كەلگەن. نۆۋەتتە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىدرىس ھەسەننىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقان بولۇپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پائالىيەتچىلەر ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىدرىس ھەسەننى تېزدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.






خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئارادىكى ساختا تەشۋىقاتىغا غايەت زور خىراجەت سەرپ قىلماقتا.

# مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/4072
http://istiqlalhaber.com/page/news/4061
http://istiqlalhaber.com/page/news/4093
https://istiqlalhaber.com/page/news/4116
http://istiqlalhaber.com/page/news/4112
https://istiqlalhaber.com/page/news/4147
https://istiqlalhaber.com/page/news/4158
https://istiqlalhaber.com/page/news/3984
http://istiqlalhaber.com/page/news/4149

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**